يۇقۇملىنىش ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

# بېكىتىلگەن دوختۇرخانا مەخسۇس كېسەللىكلەر بويىچە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئەترىتىدىن ئالتىنى قۇردى

## مۇنتىزىم داۋالاشقا بىرلەشتۈرۈپ ئۇنىۋېرسال ئىلمىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنى قانات يايدۇردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقلىرىدا يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان قوشۇلما كېسەل ياكى جىددىي كېسەل قاتارلىق ئالاھىدە ئەھۋاللارغا قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا مەخسۇس كېسەللىكلەرنى داۋالاش بويىچە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئەترىتىدىن ئالتىنى تەشكىللەپ قۇرۇپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى مۇنتىزىم داۋالاش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىۋېرسال ئىلمىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى.

بۇ ئالتە مەخسۇس كېسەللىكلەر بويىچە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئەترىتى يۈرەك قان تومۇر، جىددىي قورساق ئاغرىقى، جۈگىي تىبابىتى، مېڭە تىقىلمىسى، سۇنۇق، تۇبېركۇليوز كوللېكتىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لۈ چېن مۇنداق تونۇشتۇردى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا باشقا جىددىي كېسەل قوشۇلۇپ كەلگەن ئالاھىدە ئاغرىقلارنى داۋالاش نوقۇل ھالدا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى داۋالاشقا قارىغاندا قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرىراق. مەخسۇس كېسەللىكلەرنى داۋالاش بويىچە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئەترىتىنى تەشكىللەپ قۇرۇش يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشتىكى ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلەرگە بىرلەشتۈرۈپ يەكۈنلەپ چىقىلغان بىر خىل يېڭى خىزمەت ئەندىزىسى، بۇ ھەم ۋۇخەندە بىرقەدەر ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن بىر خىل قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ئەندىزىسى.

ئىگىلىنىشچە، مەخسۇس كېسەللىكلەرنى داۋالاش بويىچە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئەترىتىدىكى ئەزالارنىڭ ھەممىسى ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىدا قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشقا قاتناشقان ھەرقايسى داۋالاش ئەترەتلىرىدىن تاللانغان بولۇپ، ھەم ئادەتتىكى تاشقى كېسەللىكلەر، سۆڭەك كېسەللىكلىرى، يۈرەك قان تومۇر قاتارلىق مەخسۇس كېسەللىكلەر دوختۇرلىرىنى، ھەم پسىخولوگىيە، دورىگەرلىك، پەرۋىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇنەۋۋەر دوختۇر ـ سېستىرالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. ئۇلار ئادەتتە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقلىرىنى نورمال قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالىدىكەن، مەخسۇس كېسەللىكلەر بويىچە جىددىي قۇتقۇزۇلىدىغان ئاغرىقلار بولسا، دەرھال يىغىلىپ، بۇ ئالاھىدە ئاغرىقلارغا قارىتا كەسپىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ئېلىپ بارىدىكەن.

لۈ چېن مۇنداق بىلدۈردى: جىددىي كېسەللەرنى داۋالاش يۇقۇملۇق كېسەللىكنى داۋالاش جەريانىدىكى كەمتۈك نۇقتا ۋە ئاجىز تور بولۇپ، بۇ قېتىمقى مەخسۇس كېسەللىكلەرنى داۋالاش بويىچە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئەترىتىنى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقلىرىنى مۇنتىزىم داۋالاش بىلەن بىرلەشتۈرۈش يېنىك ياكى ئادەتتىكى ئاغرىق مىسالىنىڭ ئېغىر ئاغرىق مىسالىغا ئۆزگىرىشى، ئېغىر ئاغرىق مىسالىنىڭ خەتەرلىك، ئېغىر ئاغرىق مىسالىغا ئۆزگىرىشىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ھەقىقىي تۈردە داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىپلا قالماي، يەنە ئاپتونوم رايونىمىزدا يۇقۇملۇق كېسەللىكنى داۋالاشتىكى بىر قېتىملىق يېڭى سىناق ھېسابلىنىدۇ.



# مەھەللىدىكى ياشلىق سىيماسى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جوۋ پېڭ فوتوسى، خەۋىرى

«ۋاقىت چىققاندا سەككىز بۆلەكلىك گىمناستىكا ئوينىسا، بەدەن سۈپىتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ» دېدى ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى شىنخۇا جەنۇبىي يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى ساي جەنۇبىي يولى شەرقىي مەھەللىسى لاگرون تېنەنچىڭ ئولتۇراق رايونىدىكى پىدائىي قۇدرەت قۇربان 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئاھالىلەرگە.

بۇ يىل 22 ياشقا كىرگەن قۇدرەت داشۆنىڭ 3 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى. ئۈرۈمچىدە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يېڭىدىن يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزى بىلەن بىر ئولتۇراق رايوندا تۇرىدىغان نەۋرە ئىنىسى ئەنقەر ئەسقەر بىلەن بىللە پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتىگە تىزىملىتىپ قاتناشتى.

ئۇ ئىككىسى ئوخشاش بىر مەھەللىدە پەيدائىي بولغان دۇڭ جۈن بىلەن ئۈچ كىشىلىك كىچىك ئەترەت تەشكىللىدى. قەيەر ئېھتىياجلىق بولسا شۇ يەردە پەيدا بولۇپ، چىن قەلبى بىلەن ئاھالىلەرگە مۇلازىمەت قىلدى.

«ئاھالىلەرنىڭ بىر ئېغىز ‹رەھمەت› دېگەن سۆزى بىز ئۈچۈن ئەڭ زور مەدەت.» قۇدرەت مۇنداق دېدى: يېڭى دەۋردىكى داشۆ ئوقۇغۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، يۇقۇم ئالدىدا بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەتنى زىممەمگە ئېلىپ، بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشىمەن، «گەرچە تېببىي خادىملارغا ئوخشاش يۇقۇمغا قارشى جەڭنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىگە ئاتلىنالمىغان بولسامۇ، ئەمما مەھەللە ۋە ئاھالىلەرنىڭ بەزى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرەلەيمەن. ھەممە ئادەم بىر كىشىلىك كۈچ قوشسىلا، غەلىبە چوقۇم بالدۇر يېتىپ كېلىدۇ».

**سۈرەت ①: 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، قۇدرەت قۇربان (ئوڭدا) بىلەن ئەنقەر ئەسقەر ئۆزلىرىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى قەغەز تاختىغا يېزىپ، ئاھالىلەرنىڭ ئالاقىلىشىشىغا قولايلىق ياراتتى.**

**سۈرەت ②: دۇڭ جۈن، قۇدرەت قۇربان، ئەنقەر ئەسقەرلەر كۆكتات توشۇماقتا.**

**سۈرەت ③: ئۈچ كىشىلىك كىچىك ئەترەت ئولتۇراق رايوندا ئاھالىلەرگە «سەككىز بۆلەكلىك گىمناستىكا» ئويناشنى ئۈلگە قىلىپ كۆرسەتمەكتە.**

سۈرەتلىك ھېكايە





يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا

# دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى مۇقىم ئىشلەپچىقىرىپ تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ياخشى تۇتۇلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **لى چۈنشيا، جاۋ چۈنخۇانىڭ** 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ئاخبارات ئىشخانىسى ئاچقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز باشتىن ـ ئاخىر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى مۇقىم ئىشلەپچىقىرىپ تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى ئەڭ مۇھىم خەلق تۇرمۇشى خىزمىتى سۈپىتىدە تۇتۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ نورمال بولۇشىغا ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى جەھەتتە تەمىنلەش تولۇق، كاپالەت كۈچلۈك، سۈپەت بىخەتەر بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغان.

«يېشىل يول»دا ھەقسىز، تېز يۈرۈش سىياسىتى تاكامۇللاشتۇرۇلۇپ، يول لىنىيەسى ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، تەكشۈرۈش، ئۆلچەش ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلۈپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ماددىي ئەشيالىرىنى توشۇيدىغان ئاپتوموبىللارنىڭ ئالدىن، قولاي يۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. ئۆز مەيلىچە چازا قۇرۇپ توسۇش، يولنى خالىغانچە ئۈزۈپ قويۇش، ئېتىپ قويۇش قاتارلىق قاتناشنى ئۈزۈپ قويۇش قىلمىشلىرى قەتئىي چەكلىنىپ، چوڭ تىپتىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازارلىرى، كۆكتات سودا بازارلىرى، باقمىچىلىق بازىلىرى، نۇقتىلىق ئىشلەپچىقىرىش رايون (كەنت)لىرى قاتارلىق ئاچقۇچلۇق رايونلارغا تۇتىشىدىغان تاشيوللارنىڭ راۋانلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە ئوخشاش بولمىغان جايلار تارقاتقان مەھسۇلاتلارنى توشۇشقا ئالاقىدار يول يۈرۈش ئىسپاتلىرىنى ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىش ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

كارخانىلار سېتىش ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىشقا يېتەكلىنىپ، ھازىر بار بولغان ئەنئەنىۋى سېتىش تۈرىدىن ياخشى پايدىلىنىش بىلەن بىللە، «يۈز كۆرۈشمەي»دىغان نۇقتىدىن نۇقتىغا مۇلازىمەت قىلىشتا يېڭىلىق يارىتىلىپ، يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىنى توردا زاكاز قىلىش، تور سىرتىدا تەقسىملەپ يەتكۈزۈش، مالنى ئىشىك ئالدىغىچە يەتكۈزۈپ بېرىش ئىلگىرى سۈرۈلدى. «نۇقتىدىن نۇقتىغا» ئەمگەك كۈچى چىقىرىش ۋە ئاپتوموبىل ھۆددىگە ئېلىش قاتارلىق مۇلازىمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئۇستىدە ئىزدىنىلىپ، دېھقانلار تەرتىپلىك سىرتقا چىقىپ ئىشلەشكە تەشكىللەندى. يېپىق ئىشلەپچىقىرىش يولغا قويۇلۇپ، خادىملارنى باشقۇرۇش، تىزگىنلەش ياخشى تۇتۇلۇپ، خىزمەت رايونىدىن تۇرمۇش رايونىغىچە بولغان باشقۇرۇش يېپىق ھالقىسى شەكىللەندۈرۈلدى.

# ئاممىۋى مۇھىتنى دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **جاۋ چۈنخۇا، لى چۈنشيا** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ مۇدىرى رۇي باۋلىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: نۆۋەتتە، ئۈرۈمچى شەھىرى «تولۇق قاپلاش، قارىغۇ بۇلۇڭ قالدۇرماسلىق، قارىغۇ رايون قالدۇرماسلىق، ئاق قالدۇرماسلىق» پرىنسىپى بويىچە، ئاممىۋى مۇھىتنى دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇۋاتىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھىرى ھەر دەرىجىلىك داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش مۇھىتى، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى، داۋالاشتىن چىققان پاسكىنا سۇ، داۋالاش تاشلاندۇقلىرى قاتارلىقلارغا قارىتا ئومۇميۈزلۈك دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كۆندىلىك دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈشنى ئۆلچەم تەلىپى بويىچە تاماملىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى. مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىش نۇقتىسى، ئاممىۋى سورۇن، كۆپ ئۇچرىشىدىغان نەرسە يۈزى قاتارلىقلار ھەر كۈنى ئاز دېگەندە ئىككى قېتىم دېزىنفېكسىيەلىنىپ مىكروب ئۆلتۈرۈلدى. تېببىي كۆزىتىش ئارقىلىق كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى ياكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى دەپ بېكىتىلگەنلەر بېكىتىلگەن دوختۇرخانىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى ئايرىش ئورنى ئاخىرقى ئۈچ ئۆلچەمدە ئومۇميۈزلۈك تەلتۆكۈس دېزىنكېفسىيەلىنىپ مىكروب ئۆلتۈرۈلدى.

ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرىدىكى دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش خىزمىتىنى دەرىجىگە ئايرىپ قانات يايدۇردى. نورمال ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرىغا قارىتا، مەھەللە قورۇ، كارىدور، يۈندى تۇرۇبىسى قۇدۇقى، ئەخلەتخانا ۋە باشقا ئاممىۋى رايونلاردا ھەر كۈنى ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈشنى تەشكىللەپ قانات يايدۇردى؛ ئائىلىدە ئايرىۋېتىلگەنلەر بار ئولتۇراق رايونلاردا ھەر كۈنى ئاز دېگەندە ئىككى قېتىم دېزىنفېكسىيەلىنىپ مىكروب ئۆلتۈرۈلدى، ئاھالىلەرنىڭ دېرىزىنى ئېچىپ ھاۋا ئالماشتۇرۇشىغا، تەقسىملەپ يەتكۈزۈپ بېرىلگەن دېزىنفېكسىيەلەش دورىلىرى بىلەن ئۆي ئىچى ۋە تازىلىق ئۆيىنى دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىندى؛ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ۋە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار كۆرۈلگەن ئولتۇراق رايونلاردا، قەتئىي ھالدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۆلچىمى بويىچە ئاخىرقى ئۈچ ئۆلچەمدە دېزىنفېكسىيە قىلىندى، ئۇلار تۇرۇشلۇق بىنالار ۋە ئەتراپتىكى نۇقتىلىق رايونلار ھەر كۈنى ئاز دېگەندە ئىككى قېتىم دېزىنفېكسىيەلىنىپ مىكروب ئۆلتۈرۈلدى.

تۈرلۈك ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى، خىزمەت بىنالىرى ئىچىدىكى خادىملار كۆپرەك ئۇچرىشىدىغان ئاممىۋى بۇيۇملار ۋە ئورۇنلارغا قارىتا، ھەر كۈنى ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى. بېكىتىلگەن دوختۇرخانا، تېببىي كۆزىتىش نۇقتىلىرى، نۇقتىلىق رايونلار ئەتراپىدىكى پاسكىنا سۇ چىقىرىۋېتىش تۇرۇبىسى ئۇلانغان نۇقتىلار(پاسكىنا سۇ قۇدۇقى) ھەم پاسكىنا سۇ چىقىرىۋېتىش تۇرۇبىلىرىغا قارىتا دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. ئۈرۈمچى شەھىرى يەنە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازارلىرى، ئۇنىۋېرسال بازارلار ۋە باشقا تىجارەت خاراكتېرلىك ئورۇنلارنى ھەر كۈنى تىجارەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك دېزىنفېكسىيەلەشكە تەشكىللىدى. پوچتا يوللانمىلىرىنى ئايرىش ئالدىدا، ساقلىغاندا، ئاخىرقى ئۇچقا تەقسىملەپ يەتكۈزگەندە ھالقىلار بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. ئايروپورت، ۋوگزال ئىچىدىكى نۇقتىلىق ئۇچرىشىدىغان نۇقتا ئورۇنلارغا قارىتا ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، سانائەت كارخانىلىرى، قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى، خەلق ئىشلىرى مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرىغا قارىتا ھەر كۈنى مەركەزلىك دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇپ، ۋىرۇسنىڭ تارقىلىش يوللىرى ئومۇميۈزلۈك ئۈزۈپ تاشلاندى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە، كارخانىدىكى بىر قىسىم خادىملار يېپىق ھالەتتە ئىشلىدى، بىر قىسىم خادىملار ئۆيىدە ئىش بېجىردى، ئالاقىدار تەستىقلاش رەسمىيەتلىرى يەنىلا داۋاملىق بېجىرىلدى. ئالدىنقى باسقۇچتا مەمۇرىي تەكشۈرۈپ تەستىقلاش باشقارمىسى قۇرۇش ئاساسىدا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى، پىلان، تەبىئىي بايلىق قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئالاقىدار تەرتىپلەرنى توردا بېجىرىش بۆلىكىگە كىرگۈزۈپ، تۈرنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىش باشلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان 52 تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئىش تۈرىنىڭ ھەممىسىدە يۈز كۆرۈشمەي توردا تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى ئىشقا ئاشۇردى.

ھۆكۈمەت مەبلەغ سالغان تۈرلەرنىڭ مۇمكىنلىك تەتقىقات دوكلاتىغا تەستىقى جاۋاب بېرىش رەسمىيىتىنى بېجىرىش ۋاقتى 15 خىزمەت كۈنىدىن بەش خىزمەت كۈنىگە قىسقارتىلدى، ھۆكۈمەت مەبلەغ سالغان تۈرلەرنىڭ دەسلەپكى لايىھەسى تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات تارماقلىرىنىڭ ئىچكى ئىش تۈرى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، پەقەت تۈرنىڭ مۇمكىنلىك تەتقىقات دوكلاتى تەستىقى جاۋابى، دەسلەپكى لايىھە دوكلاتى ۋە تەستىقي جاۋاب ئىلتىماسى بولسىلا دەرھال بېجىرگىلى بولىدىغان بولدى... يۈز كۆرۈشمەي توردا تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئەلالىششىغا ئەگىشىپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش فۇنكسىيەسىنى ئۆستۈرگە ئالغان ھەرقايسى ھالقىلارنىڭ سۈرئىتى تېزلەشمەكتە.

«كارخانىلار مەبلەغ سالغان تۈرنى رويخەتكە ئېلىش، ئۇقتۇرۇش، ۋەدە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، كارخانىلار پەقەت تۈرلەرنى رويخەتكە ئالدۇرۇش، تىزىملىتىشنى ئىلتىماس قىلىش جەدۋىلىنى ئالاقىدار تور بېكىتكە تاپشۇرسىلا، خىزمەتچى خادىملار دەللىلەش ئارقىلىق، بىر كۈن ئىچىدە تېز سۈرئەتتە بېجىرىپ بېرىدۇ. 7 ـ ئاينىڭ بېشىدىن ھازىرغىچە، توردا تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئەندىزىسى ئارقىلىق 40قا يېقىن تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئىش تۈرىنى بېجىرىپ بولدۇق» دېدى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى مەمۇرىي تەستىقلاش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى لى سىچىن.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن ئۈچ يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى. ھازىرغىچە، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 223، تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى 81، جەمئىي 304.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا بىرلەشمە داۋالاش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى لىيې ۋېي مۇنداق تونۇشتۇردى: ئالدىنقى باسقۇچلۇق پائال ئارىلىشىپ داۋالاش ئارقىلىق، بۇ بىرقانچە كۈندە بىز ئاغرىقلارنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش كىچىك يۇقىرى پەللىسنى كۈتۈۋالدۇق، 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ۋە تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 300دىن ئاشتى، بۇ بىر ئىنتايىن ئىجابىي سىگنال. ئالدىنقى مەزگىلدە دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىساللىرىنى داۋالاش جەريانىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، 92%تىن كۆپرەك ئاغرىقىقا دەسلەپكى مەزگىلدە ۋىرۇسقا قارشى داۋالاش بىلەن كېسەللىك ئالامىتىگە قاراپ داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى ئىشلىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، نەپەسلىنىشكە ياردەم بېرىش، قان ئايلىنىشقا ياردەم بېرىش ۋە بىر قىسىم يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئۇسۇللار پائال قوللىنىلدى، ئۈنۈممۇ ئىنتايىن ياخشى بولدى، شۇنداقلا جۇڭيى تىبابىتى دورىلىرىنىڭ ئەۋزەللىكى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاشقا پۈتۈن باسقۇچلۇق، ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇر قاتناشتۇرۇلدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاغرىقلارنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىدە بەلگىلىك رول ئوينىدى. بىز ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان بۇ ئاغرىقلارنى داۋالاشتىكى پايدىلىق تەجرىبىلەرنى داۋاملىق يەكۈنلەپ، داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىمىز.